ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈرەش قىلغۇچىلار

# قۇم دېڭىزىنى يېشىللىققا پۈركىگەن «يېڭى يۇ گۇڭ»

## — خېجەك ناھىيەسى خارمۇدۇن بازىرى خارمۇدۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى فۇ جىجۇۋ توغرىسىدا

30 يىلنىڭ ئالدىدا، قۇم - بوراننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن خېجەك ناھىيەسىنىڭ خارمۇدۇن بازىرىدا، بىر ياش دېھقان ئۆزى يالغۇز قەھرىمانلارچە قۇم تىزگىنلەش سەپىرىنى باشلىدى. ئۇ قۇم بىلەن جەڭ قىلىپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمىدى، قارا چاچلىرى ئاقاردى. ئۇ پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشماي، ياشلىقىدىن خۇشبۇي گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سائەت 10دا، بۇ ئاددىي دېھقان بېيجىڭ خەلق سارىيىغا كىرىپ كەلدى، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ 40 يىللىقىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا، مەملىكەتلىك ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ 40 يىللىقى يېشىل سەددىچىن سېپىلى ئۆلگىلىرى مېدالى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېسىلدى.

ئۇ دەل بۇ يىل 76 ياشقا كىرگەن خېجەك ناھىيەسى خارمۇدۇن بازىرى خارمۇدۇن كەنتىنىڭ ئاھالىسى فۇ جىجۇۋ.

### ■ يۇ گۇڭچە ئىرادە تىكلەش قۇم دېڭىزىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا قەسەم قىلىش

خېجەك ناھىيەسىنىڭ خارمۇدۇن بازىرىدىكى شاخېزى شامال ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇم - بوران ئاپەتكە ئايلانغانىدى، ئورمان بىنا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەشتىن بۇرۇن، كۆچمە قۇم ھەر يىلى ئىككى ئۈچ مېترلىق سۈرئەتتە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە كەنتكە بېسىپ كىرەتتى.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا، فۇ جىجۇۋ خوتۇنى چېن ئائىلەنى ئېلىپ، خېنەندىن شاخېزىغا كەلدى. فۇ جىجۇۋ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «كەنتكە يېڭى كەلگەندە، تۆت ئەتراپقا قارىسام، ھەممە يەر قۇملۇق ئىكەن.» ھەر يىلى ئەتىيازدا، قۇم - بوراننىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئادەم ئىشىكتىن چىقىشقا ئامالسىز قالاتتى، ئېتىزغا ئەمدىلا تىككەن كېۋەز مايسىسى بوراندا بىردەمدىلا نابۇت بولاتتى. «تىرىك ئادەم تۇرۇپ، قۇمغا بوزەك بولساق بولمايدۇ!» ئەينى يىلى، ئۇ ئۆز ئېتىزىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى تۈپ تېرەكنى تىكتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورمان بىنا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش يولىغا ماڭدى.

«كۆچەت بەك قىممەت ئىدى، مەن كىشىلەر بېغىدىن چاتىۋەتكەن دەرەخ شاخلىرىنى تېرىپ كېلىپ تىكەتتىم، ئەمما بىر يىلدا بىرقانچىسىلا ئەي بولاتتى. كېيىن ناھىيەلىك باغ - ئورمانچىلىق ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىملار ماڭا ئامال كۆرسىتىپ سىرتتىن توپا توشۇپ كېلىپ، ئورەككە يېڭى توپا تىندۇرۇپ كۆچەت تىكىشنى ئېيتتى. توپىنى ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىن توشۇپ كېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى، مەن يۇ گۇڭ تاغنى يۆتكىگەندەك، بۇ قۇملۇقتا ئېلىشىپ، يېشىللىق بەرپا قىلدىم!» دېدى فۇ جىجۇۋ.

مۇشۇنداق قەتئىيلىك ۋە ئەقىدىگە تايىنىپ، فۇ جىجۇۋ قۇملۇق بويىغا ئىھاتە ئورمىنى تىكتى ھەم دەسلەپكى قەدەمدە ئىھاتە ئورمىنى بەلبېغى بەرپا قىلدى. ئەمما، ئىھاتە ئورمان بەلبېغى كۈچلۈك بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتتى، گەرچە دەسلەپكى مەزگىلدە سالغان 100 نەچچە مىڭ يۈەننىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆچمە قۇمنى تىزگىنلەش ئىشەنچىنى تەۋرىتەلمىدى.

### ■ ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش قۇمنى تىزگىنلەش ئىرادىسىنى ئۆزگەرتمەي چىڭ ساقلاش

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، فۇ جىجۇۋ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆزى مەبلەغ توپلاپ بىر تىراكتور، ئۈچ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ قۇم تىزگىنلەش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

فۇ جىجۇۋ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۆچمە قۇمنى بويسۇندۇردى. ئۇ ئۆزى تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ، ھەر يىلى 500 - 300 مو يەرگە سېلىنىدىغان كۆچەت مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلدى. دەرەخ كۆپ تىكىلدى، لېكىن سۇ قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى. ئۇ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن 800 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، توك تارتىپ، ئالتە قۇدۇق قېزىپ، دەل - دەرەخلەرنى نورمال سۇغىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتى جەريانىدا، ئۇ «ئاۋۋال قۇمنى يۆتكەپ كېيىن توسۇش، دائىرىگە بۆلۈپ تىزگىنلەش، ئاۋۋال ئاسىنىنى كېيىن قىيىنىنى قىلىش» تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۆز ئالدىغا بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى تىكىپ، خېجەك ناھىيەسىنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

فۇ جىجۇۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى كۆچمە قۇمنى تىزگىنلەش بىرلەشمە جېڭىگە قاتنىشىپ، «يۇ گۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»دەك روھ بىلەن 12 مىڭ مو قۇملىشىپ كەتكەن يەرنى تىزگىنلىدى، 158 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى قوغداپ قالدى. نۆۋەتتە، ئادەم ئاياغ باسمىغان قۇملۇق رايوندا تەدرىجىي ھالدا «غوللۇق دەرەخ، چاتقال، ئوت - چۆپ، نۇقتا، بەلباغ، دائىرە»دىن ئىبارەت قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى شەكىللىنىپ، 34 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش يېشىل كارىدورى بەرپا قىلىنىپ، كۆچمە قۇمنىڭ داۋاملىق كۆچۈشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى.

### ■ ئۇزاقتا سوزۇلغان جەڭ قىلىش يۇرت - ماكانىنىڭ يېشىل توسۇقىنى قوغداش

ھازىر، فۇ جىجۇۋ ۋە باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، تىزگىنلەش رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ دەسلەپكى %3تىن %70 ئەتراپىغا ئۆستۈرۈلدى، قىسمەن كىچىك كىلىمات كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك تۈر تۈرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئىقتىدارى تەدرىجىي ئۆستى.

2015 - يىلى، فۇ جىجۇۋ 2600 نەچچە مو قۇملۇق يەرگە 800 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى، ياپيېشىل ئاق تېرەكلەر قۇملۇقتا باراقسان ئۆستى. كۆچەتلەر ئەي بولۇپ، كۆچمە قۇم بارا - بارا بويسۇندۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇ بەش يىل ئىچىدە سۇ ئىشلىتىش قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، تىكىلگەن ئاق تېرەك كۆچىتىنى 1 مىليون تۈپكە يەتكۈزۈپ، خېجەك ناھىيەسىنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، خېجەك ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى.

2007 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە، فۇ جىجۇۋ ئۇدا تۆت يىل خېجەك ناھىيەسى بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، 2011 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى ھەم كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشتى. فۇ جىجۇۋ تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «گەرچە يېشىم چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆچەت تىكىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىمەن. مەن يەنە 200 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىمەن، بۇ ئۆمرۈمدە 1 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىمەن!»

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى

□ جىمسار ناھىيەسى دايۇۋ بازارلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بازار باشلىقى ما ۋېيبيۇڭ

مەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىچۈەن - دۇڭسەن رايونى ياڭماۋگۇڭ بازىرىدىكى بىر يېزا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مېنىڭ ئائىلەم كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ئائىلە: بوۋام خەنزۇ، مومام خۇيزۇ، كىچىك ئاپام ئۇيغۇر، يېزنەم خەنزۇ، خوتۇنۇممۇ خەنزۇ. دادام قازاقچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئائىلە ماڭا كىچىكىمدىنلا ھەر مىللەتنىڭ مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر ئىكەنلىكىنى، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئوي - پىكرى ۋە ئىش - ھەرىكىتى بىر يەردىن چىقىدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى، بىر - بىرى ئارىسىدا قويۇق مېھىر - مۇھەببەت تولۇپ تاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

كىچىك ۋاقتىمدا ھەر قېتىمقى روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتا، كەنتتىكى ھەر مىللەت كىچىك دوستلار ئۆزئارا ھېيتلىشاتتۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ فېنتاك ئىچەتتۇق، پوشكال يەيتتۇق. چاغان ۋە جۇڭچيۇ بايرىمى كەلگەندە، ھەر مىللەت كىچىك دوستلار خەنزۇ كىچىك دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ كەمپۈت، يۈبىڭ يەيتتۇق. كىچىك دوستلار بىرلىكتە شاد - خۇراملىققا چۆمۈلۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتەتتۇق.

مۇھەببەت مىللەت ئايرىمايدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلار دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە، مەن ئۈچ ياشلىق ئىنىم بىلەن ئۆيدە قالاتتىم، بىزگە قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئەنخۇيلۇق قوشنىمىز سۈن موماي بىزگە ياردەملىشىپ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالاتتى. 1986 - يىلى، ئائىلىمىز بىر رەڭسىز تېلېۋىزور سېتىۋالدى، قوشنىلىرىمىز ئۆيىمىزگە كىرىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئاتا - ئانام گازىر، خاسىڭ قاتارلىق ئۇششاق يېمەكلىكلەر بىلەن قوشنىلارنى كۈتەتتى، يۇرتداشلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خۇددى كىنو كۆرگەندەك تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئۇ مەنزىرە ناھايىتى ئىللىق ئىدى.

ھازىر مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن ھەمدەم بولۇپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزغا 12 يىل بولدى، ئوغلۇم بۇ يىل سەككىز ياشقا كىردى. ئوغلۇم ھەمىشە مەن ۋە خوتۇنۇمدىن ئۆزىنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، بىز دائىم ئۇنىڭغا: «سەن خەنزۇ ھەم خۇيزۇ، بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتى» دەيمىز. ئوغلۇمنىڭ گۆدەك قەلبىگە بۇرۇنلا مۇھەببەتنىڭ مىللەت ئايرىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇرۇق سېلىندى.

پارتىيەنىڭ ئىللىق قوياش نۇرىدا، مەن تەدرىجىي پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ يېتىلدىم. بۇ مۇساپەمدە، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى بىلەن، مەن يېزا - بازار كادىرلىق ئورنىغا قەدەم قويدۇم، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەيدانىم مۇستەھكەم، بايرىقىم روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمەن.

# ئاممىغا رىشتە باغلىغان «چېدىر ئاكا»

## — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى نادىربەگ ئاۋازبەگ توغرىسىدا

بىر دۆلەت بايرىقى، بىر ئادەم، بىر چېدىر، بىر خىزمەت سومكىسى، بىر قارلىق تاغ، مانا بۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى نادىربەگ ئاۋازبەگنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتى.

### ■ ئىشخانىنى چېدىردا تەسىس قىلىش

بۇ يىل 46 ياشقا كىرگەن نادىربەگ كىچىكىدىنلا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە چوڭ بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا پارتىيەگە كىرگەن. 2006 - يىلى، ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، كېيىن ساقچىخانىنىڭ رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3400 مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ھاۋا شالاڭ ئىدى. 2011 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىش بېجىرىش ئورنى بولمىغاچقا، نادىربەگ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بەزىدە ئاممىنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كېچىسى ئۇخلايدىغان چاغدىلا ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالاتتى. ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، نادىربەگ ئۆزى قول سېلىپ پاختا رەختتىن ئاددىي بىر چېدىر تىكىپ، ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئورنى قىلدى.

رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەۋەلىك رايونى شۈۋرغان ئېغىزىدا بولغاچقا، كىلىماتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. نادىربەگ كۈندۈزى ياردەمچى خادىملارنى باشلاپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرسا، كېچىسى يەنە چارلاش ئېلىپ باراتتى، ئۇسسىغاندا قارلىق دالىدا بىر سىقىم قارنى ئاغزىغا سېلىۋالاتتى، ھېرىپ كەتسە مۇزدەك تاشنىڭ ئۈستىدە يېتىپ بىردەم ئۇخلىۋالاتتى. چېدىر ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، نادىربەگ ئىككى قېتىم ئېغىر زۇكام بولۇپ قالدى، بىر قېتىم ئېغىر زۇكام ئۆپكە گازلىق ئىششىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنغاچقا، ئۇنىڭ ياش ھاياتى ساقلاپ قېلىندى. ئۇ چېدىردا 14 ئاي خىزمەت قىلدى، يەرلىك ئامما ئۇنى يېقىملىق قىلىپ «چېدىر ئاكا» دەپ ئاتىدى. بۇ ھەم ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى.

### ■ دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن سىرداش بولۇش

ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش سەۋرچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. نادىربەگ ئاممىۋى خىزمەتنى چاي دەملىگەنگە ئوخشىتىپ: «ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان كىشى دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن قانچە سىرداش بولغانسېرى خىزمەتنى شۇنچە راۋان ئىشلىيەلەيدۇ» دەيتتى. يىللاپ، كۈنلەپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنى بىر ئۇستاكان «خۇش پۇراقلىق ياخشى چاي» قىلىپ «دەملەپ» چىقتى.

تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن نادىر بەگنى ئىزدەپ كېلىپ چوڭ - كىچىك ئىشلارنى ياردەم قىلىپ بېجىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىلا، ئۇ پۈتۈن زېھنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. مەسىلەن، ئىككىنچى ئەۋلاد كىملىكنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بەزىدە ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بەردى؛ يول چارلاۋاتقاندا، بىرەرسىنىڭ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقىنى كۆرسە، بېرىپ ئىشىكنى ئېتىپ قويدى... ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، تەۋەلىكتىكى دېھقان - چارۋىچىلار نادىربەگنىڭ ئىنتايىن چىقىشقاق كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى توغرا - خاتانى ئايرىپ بېرىشكە ۋە مۇرەسسە قىلىشقا ئىزدىدى.

ئاممىنىڭ ئىشەنچى نادىربەگنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇردى، بۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ قەلبىنى بارغانسېرى يېقىنلاشتۇردى. تەۋەلىكتىكى ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئاھالىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇ بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى، كىمنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە كۈتۈشكە تېگىشلىك ئىگە - چاقىسىز، ياشانغانلار بارلىقىنى، كىمنىڭ ئۆيىدە دەرھال ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك قىيىنچىلىق بارلىقىنى، ھەتتا كىمنىڭ ئۆيىنىڭ توك يولىدا يوشۇرۇن خەۋپ ساقلانغانلىقىنى، كىمنىڭ ھويلىسىدىكى دۆۋىلەنگەن ئوتۇننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇ كۆڭلىدە ئىنتايىن ئېنىق بىلەتتى.

### ■ ئامما قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا چاقىرغان ھامان يېتىپ بېرىش

ئامما بىلەن بىللە ياشاپ چىقىشىپ كەتكەن نادىربەگ ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ تەۋەلىكتىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئامانلىق ساقلاش، ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىشقا قويۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر يۈرۈش ئىنتايىن ئالاھىدىلىككە بار خىزمەت ئۇسۇلى ئۈستىدە تەدرىجىي ئىزدەندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ تەۋەلىكتە كۆچمە نوپۇسلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىتا، كۆچمە نوپۇسلارنى تىزىملاشنى كۆچمە نوپۇسلارنىڭ كىيىنىشى، ياسىنىشى، شەخسىي قىزىقىشى، ئالاقە دائىرىسى قاتارلىقلارغىچە ئىنچىكىلەشتۈردى. تەۋەلىكتىكى نوپۇس نىسبەتەن مەركەزلەشكەن جايلاردا، ئۇ «ئامانلىق ئەھۋالنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تاختىسى»دىن ئۈچنى تەسىس قىلىپ، ئامانلىق سىگنال ئۇچۇرى، ئاھالىلەرگە ئۇقتۇرۇش قاتارلىق تەشۋىقات مەزمۇنلىرىنى قەرەللىك ھالدا چاپلىدى.

ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، نادىربەگ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، قانۇننى ئاساس، قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ، تەسىرلەندۈرۈپ، ئىككى تەرەپنى تولۇق قايىل قىلدى؛ ئامما ياردەم سورىغاندا، ئۇ بارلىق ئاماللار بىلەن ئاممىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بەردى. ئۇنىڭ «قىيىنچىلىق بولسا نادىربەگنى ئىزدەڭلار، چاقىرغان ھامان يېتىپ بارىمەن» دېگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى تەۋەلىكتىكى ئاممىنىڭ ئېسىدە چىڭ ساقلاقلىق.

نادىربەگ ئاممىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى خاتىرجەم ياشايدىغان مۇھىت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، شۇڭا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەشنى پائال قانات يايدۇردى. تەۋەلىكتىكى پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پىشقەدەم كادىرلارنىڭ قوللىشىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت ئۇچۇر خادىمى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەۋەلىكتىكى مەجبۇرىيەت چارلاش ئەترىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق بولغان ئۇ كۈندۈزى مۇھىمى «قاراش»، كەچتە مۇھىمى «چارلاش»، يېرىم كېچىدە مۇھىمى «ساقلاش»تىن ئىبارەت 24 سائەتلىك «پۈتۈن ھاۋا رايىلىق» ئالدىنى ئېلىش ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن تەۋەلىكتىكى دېلولار زور دەرىجىدە ئازايدى، كەنت ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت، ماجىرالارمۇ ئازايدى. نۇرغۇن ئاھالە ساقچىخانا رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «نادىربەگ چىن كۆڭلىدىن خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، ئۇنى ھەرگىز يۆتكىۋەتمەڭلار، ئۇ بولسىلا، بىز ئۇخلىساقمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلىمىز».

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى ۋە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئاساسىي لىنىيەسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش يۆنىلىشى، رىتىمى، سالمىقىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۇ، پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، پائال ئىلگىرىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى پۇختا ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلار تامامەن توغرا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشتىكى پىششىق ئىقتىدارغا ئىگە، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد پاراخوتىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، بۇ بىزنىڭ بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشىمىزدىكى تايانچ، ئۆلچىگۈچ.

كېيىنكى يېرىم يىلدا، بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشىمىز، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ھازىر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات دۇچ كېلىۋاتقان خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچى شارائىتىدا چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلساقلا، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد پاراخوتى چوقۇم دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت جەھەتتە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئومۇمىي پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپتىن ئويلىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا، كېمە دەرياغا ماڭغاندەك پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جاسارەتلىك، يارامىلىق بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە ياراتساقلا، بىز چوقۇم ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلىيالايمىز، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى)**